ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەت ئوزۇقلاندۇرۇلدى ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق بۇرچ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلدى

## —— سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى، تۇرپان شەھىرى 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى، تۇرپان شەھىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىنى چىڭ تۇتۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» باش تەلەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە قانات يايدۇرۇشتا تۈرتكە بولدى.

### سانجى ئوبلاستى:

**ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈردى**
**تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇردى**

ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈردى، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇردى. سانجى ئوبلاستى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

سانجى ئوبلاستىنىڭ تۆت يۈرۈش بەنزىسىدىكى رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار ۋە شۇ بويىچە يولغا قويىغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى گىرەلىشىپ يېتىشىپ ئۆگىنىپ، يەتتە كۈنلۈك مەركەزلىك ئۆگىنىش - مۇھاكىمە قىلىشنى باسقۇچقا بۆلۈپ قانات يايدۇرۇپ، ئەينەن ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە ياچېيكىسىنى بىرلىك قىلىپ، «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» باش تېملىق پارتىيە كۈنى قاتارلىق ۋاستىلەرگە تايىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشقا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشكە تەشكىللىدى.

نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈردى، سانجى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر(باغچە رايونى)لەر پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، نىشانىنى توغرا تېپىپ، ئىككىدىن ئۈچكىچە گەۋدىلىك مەسىلىنى ئايرىم - ئايرىم بېكىتىپ، بىر - بىرلەپ تىزىملىك تۇرغۇزۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي تەدبىرى، قاتتىق تەدبىرنى تۈزۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى.

سانجى ئوبلاستلىق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يىن خۇڭتاۋ مۇنداق دېدى: «2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە، بىز بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان يېمەك - ئىچمەك تىجارەتچىلىرىنىڭ بۇس چىقىرىشى قاتارلىق خەلقنى بىئارام قىلىۋاتقان غەيرىي پۇراق بىلەن بۇلغىنىش مەسىلىلىرىگە قارىتا مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمنى ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرىمىز».

ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ نامىدا تارقىتىلىدىغان ھۆججەت، ئېچىلىدىغان يىغىنلارنىڭ مىقدارىنى ئازايتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئوبلاستنىڭ شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي ئىشلار APPسى نۆلگە قىسقارتىلدى، كەنت، مەھەللە ئارخىپلىرىنىڭ كېمىيىش نىسبىتى 80%تىن يۇقىرى بولدى، ئاساسىي قاتلام تولدۇرىدىغان جەدۋەل بۇلتۇر 21گە قىسقارتىلغان ئاساستا، يەنە نۆۋەتتىكى سەككىزگە قىسقارتىلدى... سانجى ئوبلاستى ئالدى بىلەن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، زور كۈچ بىلەن ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن باغلاقنى بوشىتىپ، يۈكنى يېنىكلەتتى. ئاساسىي قاتلام كادىرلار ئومۇميۈزلۈك مۇنداق ئىنكاس قىلدى: ۋەزىپە ئورۇنداش ئۈچۈنلا قىلىنىدىغان تەكشۈرۈپ باھالاشلار ئازايدى، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ۋاقتىمىز تېخىمۇ كۆپەيدى، تەرەققىياتنى كۆزلەش ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشتى.

### قومۇل شەھىرى:

**چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەپسىلىي سېلىشتۇردى**
**بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزەتتى**

چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەپسىلىي سېلىشتۇردى، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزەتتى، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلىدى. قومۇل شەھىرى دىققەتنى باش تېما، باش لىنىيەگە پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش تىزىملىكىنى تۈزۈپ، ئۆگىنىش مەزمۇنىنى مىقدارلاشتۇرۇپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمنى ھەقىقىي تۈردە سىياسىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئېتىقادنى ياخشىلاش، مەركىزىي چوڭ ۋەزىپەتكە مۇلازىمەت قىلىش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە ئەمەلىيلەشتۈردى.

قومۇل شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى چېڭخۇي مۇنداق دېدى: ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى مەركىزىي چوڭ ۋەزىپەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، ئېنېرگىيە بايلىقى قاتارلىق ئۇن ئىشنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، قومۇلنى شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزەتتى. قومۇل شەھىرى باش تېما تەربىيەسىدە باشلىنىشىدىلا تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، سەككىز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەخسۇس تۈزەش خادىملىرىنى سەپلىدى، ئۆلچەمگە قاتتىق توغرىلىنىپ، بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، نىشان مەركىزىنى كۆزلەپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنى قاتتىق، ئەمەلىي تۇتتى.

قومۇل شەھەرلىك بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى «تۈزىتىش»نى ئەمەلىي ھەرىكەتنى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى كىچىك تىپتىكى يېمەكلىك ئىشلەش كارخانىلىرىنى تۈزەش خىزمىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلغانلىرىغا قايتا قاراپ چىقتى. قومۇل شەھەرلىك بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جۇ شۇشېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: قومۇل شەھىرى «قومۇل شەھىرىنىڭ كىچىك تىپتىكى يېمەكلىك كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدۇ)» ۋە تورت، دۇفۇ، يېمەكلىك ئۆسۈملۈك يېغى قاتارلىق يەتتە خىل كۆپ ئۇچرايدىغان كىچىك تىپتىكى يېمەكلىك كارخانىلىرىنىڭ مەشغۇلاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، كىچىك تىپتىكى يېمەكلىك كارخانىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە خەۋەرلەندۈرۈش - ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەستىقلاش ئىجازىتى مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، «ئاۋۋال تەكشۈرۈش، ئاندىن گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىش»نى «ئاۋۋال گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىش، ئاندىن تەكشۈرۈش»كە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇددىتىنى قىسقارتىپ، ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشىگە قولايلىق ياراتتى.

### تۇرپان شەھىرى:

**قەدەمنى «پۇختا» باستى**
**مەسىلىنى «سۈزۈپ» ئالدى**

باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان - ۋەزىپىسىنى چىڭ ئىگىلىدى، تۇرپان شەھىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىرنى ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى.

ئۆگىنىش سۈپىتى جەھەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. تۇرپان شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتكوم(پارتگورۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى ئۆگىنىش قىلىش، كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، كۆڭۈلنى توختىتىپ تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال پىكىر ئالماشتۇردى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئۆگىنىش - مۇھاكىمىنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ مۇقىملىقى، ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن تەخىرسىز مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش بىلەن، ئۆزىنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

قەدەمنى «پۇختا» باستى، مەسىلىنى «سۈزۈپ» ئالدى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەممە شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئالاقە باغلىغان يېزا - بازار، كەنت(مەھەللە)لەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى بايقاش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى.

تۇرپان شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن جىن مۇنداق دېدى: باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، شەھەرلىك مائارىپ تارماقلىرى پۈتۈن شەھەر بويىچە تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلىشى قىيىن بولۇش، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش سەۋەبىدىن قىيىنچىلىقتا قېلىش مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ رەتلەپ چىقتى ھەم ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، شەھەرلىك پارتكومغا ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان ياردەم بېرىش - يۆلەش، ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، بۇ ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش غېمىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى سۇندى.

تۇرپان شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيەلەرمۇ دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدىقۇت رايونى يىللاردىن بۇيان قېپقالغان مەسىلىلەر ۋە ئاممىنىڭ قىيىنچىلىق دەۋا - تەلەپ مەسىلىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، جەمئىي 543 مەسىلىنى رەتلەپ چىقتى ھەم مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىق دەۋا - تەلەپلىرىنى ھەل قىلىش، ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىش، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار «بېجىرىشكە تاپشۇرۇش تىزىملىكى»نى تاپشۇرۇۋېلىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ئىز قوغلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، تۈرلۈك تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەسىلىلەرنى بىرمۇبىر تۈزىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، شيا چىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار چۇ خۇيفاڭ، يې سۈي، ياڭ خەيجۈن، ياڭ ۋېنخاۋ)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىمۇ «موتور»لۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى، شېنجېن كەسپلەر باغچىسى، لىنكۇڭ ئىقتىساد رايونى، باش ئىشتاب ئىقتىساد رايونى قاتارلىق كۆپ سۈپەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەرنى غەربكە ئېچىۋېتىشنى پائال ئالغا سىلجىتتى. ئالدىنقى مەزگىلدە توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق ئېكسپورت تىپىدىكى كارخانىلارنى ماكانلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىش ئاساسىدا، بارلىق خادىم سودىگەر چاقىرىش، دەل جايىدا سودىگەر چاقىرىش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ھەتتا ياۋروپا بازارلىرىغا يۈزلەنگەن ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تىپىدىكى كارخانىلارنى قەشقەرگە ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى. بۇ يىل، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا يېڭىدىن ماكانلاشقان كارخانا 13 بولۇپ، ئومۇمىي سان 72گە يېتىپ، خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى كەسپى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى كەسپى توپىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

«بىزنىڭ قەشقەرنى تاللاپ ماكانلىشىپ، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بازىرىغا يۈزلىنىپ ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشىمىزنى كۆزدە تۇتقىنىمىزنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن دېيىشكە بولىدۇ» دېدى قەشقەر «ئوۋمېيشېڭ» ئېنېرگىيە پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى لەي نەيشياڭ. ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا داتلاشماس پولاتتىن ئىشلەنگەن دانە - دانە توك چۆگۈنلەرنىڭ ئىشچىلارنىڭ قولىدا قۇراشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىپ، ئوراپ قاچىلىنىپ ھەم يۈك ئاپتوموبىلغا سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشال ھالدا. 2018 - يىلى، كارخانا قىرغىزىستان، تاجىكىستانغا ئېكسپورت قىلغان توك چۆگۈنىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 16 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى، جۇڭگو - ئوتتۇرا ئاسىيا - غەربىي ئاسىيا ئىقتىساد كارىدورىنىڭ لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن قەشقەر ئارىسىدىكى كەسپلەر، ئەشيا ئوبوروتى ۋە سودا ھەمكارلىقىدا سىجىل، چوڭقۇر راۋاجلىنىش ھالىتى كۆرۈلدى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ھاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار لىق بېسىلغان يۈك ئاپتوموبىللىرى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى تاماملاپ، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا ئاستا - ئاستا كىردى، قىرغىزىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەن ۋودكا، بىراندى، ۋىسكى ھەم ھەر خىل پىۋىلار قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىدا باجسىز سېتىلىشقا باشلىدى. نۇرغۇن تۈركۈم قېتىمدا قىرغىزىستاننىڭ رۇدا ۋە بايلىق تۈرىدىكى جەمئىي 5000 توننىدىن ئارتۇق تاۋىرى قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا ئىمپورت قىلىندى. تېخىمۇ كۆپ مال قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا توپلاشتۇرۇلۇپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئەتراپتىكى لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەرگە تارقىتىلدى.

قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى يەنە قەشقەر - كاراچى خەلقئارا يۈك تىرانسپورت ھۆددە ئايروپىلانىنىڭ قاتنىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورىنىڭ ھاۋا تىرانسپورت يولىنى ئاچماقتا؛ تاجىكىستان دەنجالا ئەركىن ئىقتىساد رايونى، قىرغىزىستان بىشكەك ئەركىن ئىقتىساد رايونى بىلەن بولغان چوڭقۇر ھەمكارلىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتماقتا.

«ئەگەر بۇ تۈرلەر ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلسا، قەشقەرنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە بولغان تەسىر كۈچى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ» دېدى قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بەي سەن.

---

# قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىشىمىز كېرەك.» مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتى توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما چىقىرىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىشنى تەكىتلەپ، يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئەڭ چوڭ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئورتاق تونۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغاندىلا، تېخىمۇ كۆپ قوللاشقا ئېرىشىپ، تېخىمۇ كۆپ تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش، داۋاندىن ئېشىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىرىكمە كۈچ مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: خەلق سىياسىي كېڭىشى ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق، تىرىشىپ پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان ۋە كۈچەيتىدىغان مۇھىم بازىغا، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيەلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان مۇھىم سۇپىغا، ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساستا زىددىيەتلەرنى پەسەيتىدىغان، تونۇشنى ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان مۇھىم يولغا ئايلىنىشى كېرەك. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ «مۇھىم بازا» «مۇھىم سۇپا» «مۇھىم يول»لۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىگە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئېقىم مەسىلىلىرى سىياسىتىنى ئۆگىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى ۋە بىرلىك سەپ تارىخى، خەلق سىياسىي كېڭىشى تارىخىنى ئۆگىنىپ، توغرا تارىخ قارىشى ۋە چوڭ ۋەزىيەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلىگەندىلا، ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ.

قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىشتا، ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا. بىردەكلىك ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسنىڭ بىردەكلىكى، كۆپ خىللىق مەنپەئەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى، ئىدىيەنىڭ كۆپ خىللىقنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، كۆپ خىللىققا ھۆرمەت قىلىش داۋامىدا بىردەكلىك ئۈستىدە ئىزدىنىش، «ھەممىنى ئوخشاش» قىلىپ قويماسلىق كېرەك. بىرلىك سەپنىڭ ئىچكى ئىدىيەۋى ھەرىكەت ھالىتىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، بىر قىسىم سەزگۈر نۇقتا، خەۋپلىك نۇقتا، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نۇقتىلاردا ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن دائىملىق ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ، ئوخشاشلىقلارنى مۇجەسسەملەپ، پەرقلەرنى تۆگىتىپ، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئىدىيەدە ئورتاق ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىشتا، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان ئاكتىپ كۈچلەرنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشكە توغرا كېلىدۇ. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدىغان مۇھىم سىياسىي شەكىل ۋە تەشكىلىي شەكىللىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۆز پارتىيە - گۇرۇھى نامىدا سىياسىي كېڭەشتە پىكىر بايان قىلىشى، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەققىدە مېخانىزم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش كېرەك. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ئەزالارنى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە باش مەمۇرنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوللاشقا يېتەكلەپ، تەيۋەن ئارىلىدىكى ئالاقىدار پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىشنى كېڭەيتىپ، چياۋمىن قېرىنداشلار ۋەكىللىرىنى سىياسىي كېڭەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، تاشقى ئالاقىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

«كاتتا بىنا بىر تال ياغاچ بىلەنلا پۈتمەيدۇ؛ دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى بىر ئېقىننىڭ قوشۇلۇشى بىلەنلا ھاسىل بولمايدۇ.» بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر نىيەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭى دەۋردە ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى يۈكلەنگەن جۇڭخۇا غايەت زور پاراخوتى چوقۇم دولقۇن يېرىپ پۇختا سۈرئەت بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، ئۈمىدكە تولغان پارلاق كەلگۈسىگە ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى)**